## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

# ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش «2020 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» توغرىسىدىكى كەسكىن باياناتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. بۇنىڭغا قارىتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى!

ئاتالمىش «2020 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ۋاراقلايدىغان بولساق، باشتىن ـ ئاخىر بۇرمىلانغان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر، سوغۇق ئۇرۇش تەپەككۇرى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن تولغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ساختا دېموكراتىيەسى، ھەققىي زوراۋانلىقى، ساختا كىشىلىك ھوقۇقى، ھەققىي زومىگەرلىكىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلىدى. شىنجاڭ توغرىسىدىكى ھەققىي ئەھۋال نېمە؟ ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار قانۇن لايىھەسى زادى قانداق نەرسە؟ ئامېرىكا يەنە قانداق رول ئېلىۋاتىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرغاندىلا، ئامېرىكا تەرەپنىڭ پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى دېگەنگە ئوخشاش كۈلكىلىك ئويۇنىنى توختاتقىلى بولىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنى زور كۆلەمدە قاماپ قويدى» دېيىشى پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىز گەپ قىلغانلىق، شىنجاڭ قانۇن بويىچە قانات يايدۇرغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى خەلقئارا جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ھەققانىي تەدبىر. ئۆتكەنكى بىر مەزگىلدە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبەرگەن، ئۈزلۈكسىز يۈزبەرگەن كەسكىن مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنى تەسىس قىلىپ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، دىنىي ئەسەبىيزىم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايى قىلمىشى بار كىشىلەرنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇۋالدى، تېررورىزم، ئەسەبىيزىم پەيدا بولىدىغان تۇپراقنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. بۇ ئامېرىكا يولغا قويغان «مەھەللىدە تۈزىتىش»، ئەنگلىيە تەسىس قىلغان DDP «ئۆزگەرتىش ۋە ئايرىۋېتىش» تۈرى، فرانسىيە تەسىس قىلغان ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەركىزى بىلەن ماھىيەت جەھەتتە پەرقلەنمەيدۇ. ھازىر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)لىرى يۈزبەرمىدى، ئەسەبىيزىمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 2018 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىق 70 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك، گۇرۇپپا، 90 نەچچە دۆلەتنىڭ 1000دىن ئارتۇق ئادىمى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى. ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك مۇنۇلارنى بىلدۈرۈشتى: ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەنلىرىمىز ئامېرىكىنىڭ دېگىنىگە ئوخشىمايدىكەن، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۇسۇلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولۇپ، تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىكەن. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاتالمىش كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى «جازا لاگېرى» دېگەن سەپسەتىسى ئوبيېكتىپ پاكىتقا تامامەن زىت، پۈتۈنلەي ئاغزىغا كەلگىنىچە بىلجىرلىغانلىق، ئوغرى ئوغرىنى تۇت دەپ ۋارقىرىغانلىق. بۇ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ئىغۋاگەرچىلەرنىڭ ئەخلاق سەۋىيەسىنى چۈشۈردى، پەقەت ئۇلار تارىختا تېخىمۇ كۆپ داغ قالدۇردى، خالاس.

ئەكسىچە ئامېرىكىغا قارايدىغان بولساق، كىشىلىك ھوقۇق ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنى بايراق قىلىۋېلىپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپتە قورال كۈچى كالتەكنى پۇلاڭلىتىپ، ئافغانىستان، ئىراق، سۇرىيە قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۇرۇش قوزغاپ، نەچچە مىليون بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشى، نۇرغۇنلىغان مۇساپىرنىڭ يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇلارغا ساقايماس ئۇرۇش جاراھىتى قالدۇردى. مانا بۇ سېپى ئۆزىدىن كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق ۋە ئۇنى دەپسەندە قىلغانلىق. ئامېرىكا تەرەپنىڭ باشقا دۆلەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي مەنسىتمەيدىغان بۇ خىل قىلمىشى پۈتۈن دۇنيادىكى ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ! ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئۈستىدە قىلچە قايتا ئويلىنىپ كۆرمەستىن ۋە ئۆكۈنمەستىن، ئەكسىچە نومۇسسىزلارچە جۇڭگونىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى ھەققانىي تەدبىرلىرىگە كەلسە ـ كەلمەس بىلجىرلىدى، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىدى، قارا چاپلىدى، زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىم يەنە ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تېررورچى كۈچلەرگە «يۈرەك كۈچەيتىش ئوكۇلى» ئۇردى، «روھلاندۇرۇش دورىسى» بەردى، ماھىيەتتە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى زەمبىرەك يېمى قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ، يامان ئىشنى جىق قىلغانلار جەزمەن ئۆز بېشىنى يەيدۇ. ئامېرىكا تەرەپ يارا ساقايغاندىن كېيىن ئاغرىقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك، مۇبادا داۋاملىق دۈشمەنگە قولچوماق بولسا، يامانغا يانتاياق بولسا، مۇقەررەر ئۆز بېشىغا چىقىدۇ!

ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ «كىشىلىك ھوقۇققا ئېغىر دەخلى ـ تەرۇز قىلدى» دېگىنى پۈتۈنلەي بىمەنە سەپسەتىدۇر، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكى پۈتۈن دۇنيادا ھەممەيلەنگە ئايان. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى يىلدىن ـ يىلغا ئۆستى، 2019 ـ يىلى شەھەر ـ بازار، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 34 مىڭ 664 يۈەن، 13 مىڭ 122 يۈەنگە يەتتى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 737 مىڭ ئائىلە، 2 مىليون 923 مىڭ 200 نامرات نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 19.4%تىن 1.24%كە تۆۋەنلىدى. 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ماس قەدەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىدۇ. ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، 2014 ـ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى شەھەر ـ بازارلاردا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 471 مىڭ 200دىن ئارتۇق ئادەمگە يەتتى، تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى باشتىن ـ ئاخىر 4.5% ئىچىدە تىزگىنلەندى، نۆل ئىشقا ئورۇنلاشقان ئائىلىلەرنى 24 سائەت ئىچىدە ھەرىكەت ھالىتىدە نۆللەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېزىلاردا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يېزىلاردا ئەمگەك ئىقتىدارى بار ئائىلىلەردە ئاز دېگەندە بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشقان بولۇپ، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. پۈتۈن شىنجاڭدا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تولۇق قاپلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا 15 يىللىق ھەقسىز مائارىپنىڭ تولۇق قاپلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىم سۇغۇرتىسى، شەھەر ـ بازار ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەر مىللەت ئامما ھەر يىلى ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولدى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى 95%تىن كۆپرەككە يەتتى. بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، شىنجاڭ ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى كېسەللىك مىسالىدىن جەمئىي 76گە ئېنىق دىياگنوز قويۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تەن ساغلاملىقى، ھاياتى بىخەتەرلىكىگە ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئۇدا 120 نەچچە كۈن يېڭىدىن كۆپەيگەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى كېسەللىك مىسالى كۆرۈلمىدى. بۈگۈنكى شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا، ھەر مىللەت ئامما خاتىرجەم ياشاپ، تىنچ، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تولۇق بولغان ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولماقتا. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ ھەققىي ئەھۋالنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، پاكىتقا پەرۋا قىلماسلىقى پۈتۈنلەي يامان نىيەتتىكى جاھىل خاراكتېرلىك بىر تەرەپلىمە قاراش، پۈتۈنلەي باشقىچە غەرەزدىكى تاللاش خاراكتېرلىك كور بولۇۋېلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىكى ساختىلىقى تولۇق ئاشكارىلاندى.

ئەكسىچە ئامېرىكىغا قارايدىغان بولساق، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى قىلچە كاپالەتكە ئىگە ئەمەس، 2019 ـ يىلى جەمئىي 415 قېتىم چوڭ كۆلەملىك ئوققا تۇتۇش ۋەقەسى يۈزبەرگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 15 مىنۇتتا بىر ئادەم ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى؛ باي ـ نامراتلىقتا بۆلۈنۈش كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشتى، باي ـ نامراتلىق پەرقىدە 50 يىلدىن بۇيانقى يېڭى پەللە يارىتىلغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇ نەچچە مىليون كىشى ئاچارچىلىق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بىردىنبىر تەرەققىي تاپقان دۆلەت، 65 مىليون ئادەم داۋالىنىش خىراجىتى زىيادە يۇقىرى بولۇش سەۋەبلىك داۋالىنىشتىن ۋاز كەچتى؛ كۆچمەنلەر سىياسىتى قان قېرىنداشلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتتى، 2017 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن بۇيان، كۆچمەنلەر دائىرىلىرى چېگرادا 5400دىن ئارتۇق بالىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىۋەتتى؛ پۇقرالارنىڭ شەخسىيەت ھوقۇقى سىستېمىلىق دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىدى، قۇرامىغا يەتكەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەخمىنەن يېرىمى قانۇن ئىجرا قىلىش ئاپپاراتلىرى ئىشلىتىۋاتقان چىراينى پەرق ئېتىش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلدى؛ گۇانتانامو تۈرمىسىنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتتى، ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن تەشكىلات ۋە تاراتقۇ ئۇنى «ئاجايىپ سەتچىلىك» دەپ تەنقىد قىلدى. بولۇپمۇ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يامراۋاتقان ئەھۋالدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يۇقۇمنى توسماي، بەلكى پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن قاتتىق باش قاتۇرۇپ، گۇناھنى باشقىلارغا ئارتىپ، مەسئۇلىيەتتىن باش تارتىپ، 2 مىليون 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بىلەن يۇقۇملىنىشى، ۋىرۇسنىڭ 110 مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ جانغا زامىن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پۇقرالارنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىق ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلدى. بۇنداق رەزىللىكلەر ئالدىدا، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قايسى يۈزى بىلەن جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىدىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ؟ «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەش ئامېرىكا ئويناشقا ئۇستا «كونا ئويۇنى» بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى كۆزلىگەنلىك. ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىسى» خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ توسالغۇسىغا ئايلاندى.

ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭدا «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېزىلدى، دىنىي ئەركىنلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى» دېيىشى پۈتۈنلەي ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىكى، دىنلارنىڭ ئېجىل ـ ئىناقلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەيلى نوپۇسى ئاز ـ كۆپ بولسۇن، تەرەققىيات دەرىجىسى يۇقىرى ـ تۆۋەن بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇقلاردىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدۇ. پۇقرالارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ھۆكۈمەت مەبلەغ چىقىرىپ مەسچىتلەرنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت شارائىتىنى سىجىل ياخشىلىدى، دىنىي زاتلارنى داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى، كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىم سۇغۇرتىسى، تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈش ۋە سالامەتلىكنى ھەقسىز تەكشۈرۈش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈردى. رامزان مەزگىلىدە، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇدى، ھۆكۈمەت ماسكا، دېزىنفېكسىيە دورىسى قاتارلىق يۇقۇم مۇداپىئە بۇيۇملىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى.

ئەكسىچە ئامېرىكىغا قارايدىغان بولساق، ئاق تەنلىكلەرنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىش ئىدىيەسى ئەدەپ كەتكەن، بۇ يىل 5 ـ ئايدا، 46 ياشلىق نېگىر جورجى فلويدنىڭ مىننېئاپولىس شەھىرىدە ساقچى تەرىپىدىن بوينىغا تىزلىنىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قېلىشى زور كۆلەملىك ئېتىراز بىلدۈرۈپ كۈچ كۆرسىتىش پائالىيىتىنى قوزغىدى. ئافرىقىلىقلار ئەۋلادىدىن بولغان قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ قامالىش ئېھتىماللىقى ئاق تەنلىك قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ 5.9 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئىسلام دىنىغا قارىتىلغان كەڭ قورساق بولماسلىق سىجىل ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ «مۇسۇلمانلارنى چەكلەش بۇيرۇقى»نى ئېلان قىلىپ، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئاشكارا كەمسىتىش خەلقئارا جەمئىيەتتە غۇلغۇلا قوزغىدى. 2018 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىك سايلىمىدا، «ئۈچتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇق نامزات مۇسۇلمانلارنى تۇغما زوراۋان ياكى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىلا تەھدىت شەكىللەندۈرىدۇ، دېدى»، «ئۈچتىن بىر قىسمىغا يېقىن نامزات مۇسۇلمانلارنى ئاساسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشنى مۇراجىئەت قىلدى ياكى ئىسلام دىنىنى دىن ئەمەس، دېدى». مۇسۇلمانلار توپىنىڭ كەمسىتىشكە ئۇچرىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، پيۇ تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈشىدە كۆرسىتىلىشىچە، زىيارەت قىلىنغۇچىلارنىڭ 82%ى مۇسۇلمانلار ئامېرىكىدا كەمسىتىشكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، دەپ قارىغان.

بىز قايتا تەكىتلەيمىزكى، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ئەسلا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىققا، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. ئامېرىكىنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ تۆھمەت چاپلىشى ۋە يولسىز چەكلىشى پۈتۈنلەي 25 مىليون شىنجاڭ خەلقىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغانلىق، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغانلىق، ئىنسانىي ئەخلاق ـ ھەققانىيلىق ۋە ۋىجداننىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغانلىق بولۇپ، ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىنىڭ كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان ئويۇنى. ئاتالمىش «2020 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى» بىر پارچە كېرەكسىز قەغەز بولۇپ، مۇقەررەركى ھەققانىيەت كۈچلىرى تەرىپىدىن ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇنىڭدىن رەزىل غەرىزىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئۇچىغا چىققان ساختىپەز ۋە تاش يۈرەك دېيىشكە بولىدۇ!

شىنجاڭ ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا، ئۇدا ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان بىر قېتىممۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسى يۈزبەرمىدى، مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق، دىنلار ئېجىل ـ رايىش، خەلق تۇرمۇشى تىنچ ـ ئىناق بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرماقتا. ئىتتىپاق، ئىناق، گۈللەنگەن، مۇقىم شىنجاڭغا قارىتا، ئامېرىكا تەرەپ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۇنىڭ ماھىيىتى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇش بولۇپ، بۇنى «رەزىل نىيىتى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان» دېيىشكە بولىدۇ.

ئىلگىرى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە ئەسەبىيزمنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بۈگۈنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تۈرلۈك تىرىشچانلىقىغا ھەسسىلەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ، بۈگۈنكى بەخت، خاتىرجەملىكنى ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، ھەرقانداق كۈچنىڭ ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن گۈزەل شىنجاڭغا قارا چاپلىشىغا، تۆھمەت قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ.

ئامېرىكا تەرەپ شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزدىنىشى ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق كاپالىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئوي ـ خىيالىنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سېلىپ، جاھىللىق بىلەن ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ يەل بەردى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئەسلا كۆڭۈل بۆلمەي، بەلكى كۆڭلىدە يامانلىق ساقلىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

باشقا دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قارىتا ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغان بىلەن، ئامېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى قانداق؟ تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى خۇددى ئەينەككە ئوخشاش، ئامېرىكىدا ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت پارچىلىنىش، باي ـ نامراتلىقتا بۆلۈنۈش، ئىرقىي كەمسىتىش، ئاجىزلار توپىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەردى، بۇ، «ئامېرىكىچە كىشىلىك ھوقۇق»نىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق كىرىزىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپلا قالماي، ئامېرىكىنىڭ «رەھىمسىز كاپىتالىزم» ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ تولۇق ئاشكارىلىدى. بۇ يەردە ئامېرىكا تەرەپنى يەنىلا ئاتالمىش «ھوقۇق تەۋەلىكىدىن ھالقىپ باشقۇرۇش» ئىستىكىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە نەسىھەت قىلىمىز.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. ھەرقانداق تۆھمەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، ھەرقانداق يالغان ـ ياۋىداق سۆز شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ـ ئىلگىرىلەش پاكىتىنى يوققا چىقىرالمايدۇ، ھەرقانداق سۇيىقەست شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە ئارىلىشالمايدۇ ــ بۇ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلب ساداسى، بۇ، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ قەلب ساداسى، شۇنداقلا دۇنيادىكى تىنچلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ يۈرەك ساداسى!

بىز ئامېرىكا تەرەپكە شۇنى قايتا رەسمىي يوسۇندا ئۇقتۇرىمىزكى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان ھەرقانداق ھەرىكەت مۇقەررەر ھالدا ياچۇەكنىڭ ھارۋىنى توسۇماقچى بولغىنىغا ئوخشاش، جەزمەن تارىخنىڭ كۈلكە دەستىكىگە ئايلىنىدۇ.